# ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى

## ـــ 2020 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى 3 ـ يىغىنىغا بېرىلدى

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى **نۇرلان ئەبلمەجىن**



**1 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، نۇرلان ئەبلمەجىن سىياسىي كېڭەش ئاپتونوم رايونلۇق 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى 3 ـ يىغىنىغا سىياسىي كېڭەش دائىمىي كومىتېتى خىزمىتىدىن دوكلات بەردى. □ گېزىتىمىزنىڭ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرى سۈي جىجيەن فوتوسى**

**ھۆرمەتلىك ئەزالار:**

مەن سىياسىي كېڭەش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن، يىغىنغا خىزمەت دوكلاتى بېرىمەن، قاراپ چىقىشىڭلارنى سورايمەن.

### 1. 2019 ـ يىللىق خىزمەتلەرگە نەزەر

2019 ـ يىلى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى، خەلق سىياسىي كېڭىشى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى، شىنجاڭ تىنچ ئازاد قىلىنغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى، پارتىيەمىز ۋە دۆلىتىمىز تارىخىدىكى ئالاھىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بىر يىل. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئىجادىي ئەھمىيەتكە ۋە ئابىدە ئەھمىيەتكە ئىگە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 4 ـ ئومۇمىي يىغىنى ۋە مەركەز سىياسىي كېڭەش خىزمىتى يىغىنىنى چاقىرىپ، «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىشقا دائىر بىر قانچە مۇھىم مەسىلە توغرىسىدىكى قارارى» ۋە «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يېڭى دەۋردىكى خەلق سىياسىي كېڭىشى خىزمىتىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش توغرىسىدىكى پىكرى»نى چىقىرىپ، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ يېڭى مۇساپىسىنى باشلىدى، يېڭى دەۋردىكى خەلق سىياسىي كېڭىشى ئىشلىرى تەرەققىياتىنىڭ يېڭى ماكانىنى ياراتتى.

بىر يىلدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ كۈچلۈك يېتەكچىلىكىدە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك سىياسىي كېڭەشلەر شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيى ۋە پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ خەلق سىياسىي كېڭىشى خىزمىتىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش توغرىسىدىكى مۇھىم ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىتتىپاقلىق ۋە دېموكراتىيەدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ باش تېمىدا چىڭ تۇرۇپ، «بەشنى بىر گەۋدە قىلىش» ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرمىسىنى بىرتۇتاش ئالغا سىلجىتىش، «تۆت ئومۇمىيۈزلۈك» ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ماس ئالغا سىلجىتىشنى چۆرىدەپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ رەھبەرلىكىدە، «1 + 3 + 3 + ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش» خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىسىنى زىچ چۆرىدەپ، نەزەرىيە ئارقىلىق قورallandۇرۇشنى كۈچەيتىپ، پارتىيە قۇرۇلۇشى ئارقىلىق يېتەكلەشنى گەۋدىلەندۈرۈپ، سۈپەتنى ئۆستۈرۈش، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، سىستېما ھەمتۈرتكىسىنى كۈچەيتىپ، مەخسۇس كېڭىشىش ئاپپاراتلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىپ چارە ـ تەدبىر كۆرسىتىش ۋە ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەش جەھەتتە تەڭ كۈچ چىقىرىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مۇقىملىق، تەرەققىيات، ئىسلاھات ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە مۇھىم تۆھپە قوشتى.

**(1) ئىجادىي نەزەرىيە ئارقىلىق قوراللاندۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئورتاق ئىدىيەۋى ـ سىياسىي ئاساسنى پۇختىلىدۇق.**

«ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى پۇختا قانات يايدۇردۇق. دىققەتنى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ تۈپ ۋەزىپىگە مەركەزلەشتۈرۈپ، «ئەسلى مەقسەتنى چىڭ ساقلاپ، بۇرچنى زىممىگە ئېلىش، پەرقلەرنى تېپىپ چىقىپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇش» ئومۇمىي تەلىپىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى باشتىن ـ ئاخىر سىڭدۈرۈپ، ئۆگىنىش ـ تەربىيە، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، مەسىلىنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈش، تۈزىتىش ـ ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى پۈتكۈل جەريانغا سىڭدۈردۇق، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك سىياسىي كېڭەش رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ ئەزالىرى ۋە كادىرلار 1171 مەيدان قېتىم پارتىيە دەرسى سۆزلىدى، 1413 مەيدان قېتىم ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسى، ئىنقىلابىي ئەنئەنە تەربىيەسى، ئىلغار تىپلار تەربىيەسى ۋە ئىبرەت تەربىيەسى ئېلىپ باردى، 1670 قېتىم تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، تۈرلۈك مەسىلىدىن 3116نى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ تۈزەتتى، بۇنىڭ بىلەن نەزەرىيە ئۆگىنىشتە ئۈنۈم ھاسىل قىلىش، ئىدىيەۋى ـ سىياسىي جەھەتە تاۋلىنىش، ئىش قىلىپ نەتىجە يارىتىشتا مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممىگە ئېلىش، خەلق ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشتا قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش، پاك ـ دۇرۇس بولۇشتا ئۈلگە بولۇش نىشانىغا يەتتۇق، باش تېما تەربىيەسى بىلەن فۇنكسىيەنى ئادا قىلىش خىزمىتى بىر ـ بىرىگە تۈرتكە بولۇش، تەڭ يۈكسىلىش ئۈنۈمىگە ئېرىشتۇق.

پارتىيەنىڭ سىياسىي كېڭەش خىزمىتىگە بولغان ئومۇمىيۈزلۈك رەھبەرلىكىدە قىلچە تەۋرەنمەي چىڭ تۇردۇق. بايراق روشەن ھالدا سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىشتە چىڭ تۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ يادرولۇق ئورنىنى قەتئىي قوغداپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نوپۇزى ۋە مەركەزلىك بىرتۇتاش رەھبەرلىكىنى قەتئىي قوغداپ، سىياسىي كېڭەش تەركىبىدىكى پارتىيە ـ گۇرۇھلار، تەشكىلاتلار ۋە ھەر مىللەت، ھەر ساھە زاتلىرىنى قەتئىي تەۋرەنمەي پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش، قەتئىي تەۋرەنمەي جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك سىياسىي تەرەققىيات يولىدا مېڭىشقا يېتەكلىدۇق. ھەر دەرىجىلىك سىياسىي كېڭەش پارتىيە گۇرۇپپىلىرىنىڭ يۆنىلىشنى ئىگىلەش، ئومۇملۇقنى ئىدارە قىلىش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىشتەك رەھبەرلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، پارتىيەنىڭ سىياسىي كېڭەش تەشكىلاتلىرىغا رەھبەرلىك قىلىشقا دائىر تۈزۈم بەلگىلىمىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تەڭ دەرىجىلىك پارتكومنىڭ رەھبەرلىكىنى ئاڭلىق قوبۇل قىلىپ، مۇھىم مەسىلىلەردە يوليورۇق سوراش ـ دوكلات قىلىش تۈزۈمىنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومغا مۇھىم، زور ئىشلار، مۇھىم كېڭىشىش ـ مۇھاكىمە قىلىش نەتىجىلىرى ھەققىدە 75 قېتىم يوليورۇق سوراش دوكلاتى ۋە دوكلات يوللاپ، 62 قېتىم پارتىيە گۇرۇپپىسى يىغىنى ئېچىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مەركىزىي خىزمىتى قەيەرگىچە سىلجىتىلغان بولسا، سىياسىي كېڭەش خىزمىتىنى شۇ يەرگىچە سىلجىتىش، ئەقىل ـ پاراسەت ۋە كۈچ ـ قۇۋۋەتنى شۇ يەرگىچە مۇجەسسەملەشنى ئىشقا ئاشۇردۇق. ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشتە پارتىيەنىڭ رەھبەرلىك تۈزۈلمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، 8 مەخسۇس كومىتېتتا شۆبە پارتىيە گۇرۇپپىسى قۇردۇق، سىياسىي كېڭەش پارتىيە گۇرۇپپىسى ئەزالىرى، ئورگان پارتىيە گۇرۇپپىسى ئەزالىرى پارتىيە ياچېيكىسى بىلەن ئالاقىلىشىش خىزمىتى تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈردۇق، پارتىيەلىك ئەزالارنىڭ تەشكىلىي مۇناسىۋىتىنى قوش باشقۇرۇش، پارتىيە سىرتىدىكى ئەزالار بىلەن ئالاقىلىشىش تۈزۈمى قاتارلىقلارنى مۇكەممەللەشتۈردۇق، سىياسىي كېڭەش پارتىيە گۇرۇپپىسى، ئورگان پارتىيە گۇرۇپپىسى، مەخسۇس كومىتېت شۆبە پارتىيە گۇرۇپپىسى، ئورگان پارتكومى، ئورگان پارتىيە ياچېيكىسىدىن ئىبارەت بەش دەرىجىلىك ھەمتۈرتكە بولىدىغان پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتى يېڭى ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈرۈپ، پارتىيە رەھبەرلىكىنىڭ سىياسىي كېڭەشتە ئىزچىللىشىشى ۋە ئەمەلىيلىشىشىنى تەشكىلىي سىستېما، تۈزۈم ـ مېخانىزم جەھەتتىن ھەقىقىي كاپالەتلەندۈردۇق.

ئىدىيەۋى ـ سىياسىي يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىش، ئورتاق تونۇشنى كەڭ دائىرىدە مۇجەسسەملەشنى گەۋدىلىك ئورۇنغا قويدۇق. يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى زىچ چۆرىدەپ، ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەشنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، كۆزدىن كەچۈرۈش، كېڭىشىش، فۇنكسىيەنى ئادا قىلىش پائالىيىتىگە سىڭدۈرۈپ، تەسىر كۈچى، تەسىرلەندۈرۈش كۈچى ۋە جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە بىر قاتار پائالىيەتلەر ئارقىلىق، جۇڭگو ھېكايىسى، شىنجاڭ ھېكايىسىنى مەردانىلىك بىلەن ياخشى سۆزلەپ، بارلىق ئاكتىپ ئامىللارنى تىرىشىپ ئىشقا سېلىپ، ئىتتىپاقلىششقا بولىدىغان بارلىق كۈچلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئاساسىي ئۇل قىلىنغان ئورتاق ئىدىيەۋى ـ سىياسىي ئاساسنى مۇستەھكەملىدۇق. ئىدىيەۋى ـ سىياسىي يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىش بىلەن دائىملىق ئىدىيەۋى ـ سىياسىي خىزمەتنى بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ئورتاقلىقلاردا بىرلىككە كېلىپ، پەرقنى ساقلاپ قېلىپ، ئورتاقلىقلارنى كۆپەيتىپ، پەرقنى تۆگىتىپ، پارتىيە ـ گۇرۇھلار، تەشكىلاتلار ۋە ھەر مىللەت، ھەر ساھە زاتلىرىنىڭ ئىدىيە جەھەتتە ئورتاق ئىلگىرىلىشىگە تۈرتكە بولدۇق. دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلار، سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى بىلەن زىچ ئالاقىلىشىش مېخانىزمى ئورنىتىپ، پارتىيە ـ گۇرۇھلار، تەشكىلاتلار ۋە سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن سۇپا ۋە شارائىت ھازىرلاپ بەردۇق. بىر يىلدىن بۇيان، پارتىيە ـ گۇرۇھلار، تەشكىلاتلار ھەمكارلىشىشتىكى ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، ئاكتىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن فۇنكسىيەسىنى ئادا قىلىپ، 25 پارچە يىغىن سۆز ماتېرىيالى، 104 پارچە تەكلىپ تاپشۇرۇپ، كېڭىشىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇردى. پارتىيە سىرتىدىكى زىيالىيلار، ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكتىكى زاتلار، يېڭى ئىجتىمائىي قاتلامدىكى زاتلار بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ پىكىر ـ تەلەپلىرىنى ۋاقتىدا ئىنكاس قىلدۇق. جۇڭگولۇق چەتئەللىك ۋە چاۋمىنلارنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ۋە بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، چەت ئەللەردىكى شىنجاڭلىق چياۋمىن قېرىنداشلار ۋە ئەۋلادلىرىنى سىياسىي كېڭەش ئومۇمىي يىغىنىغا سىرتتىن قاتناشتۇرۇپ، گۈزەل شىنجاڭ بەرپا قىلىپ، ۋەتەن ئارزۇسىنى بىرلىكتە ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئاكتىپ كۈچىنى كەڭ دائىرىدە مۇجەسسەملىدۇق.

**(2) مەركىزىي خىزمەتنى زىچ چۆرىدىگەن ھالدا ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىپ چارە ـ تەدبىر كۆرسىتىپ، شىنجاڭ خىزمىتىنىڭ باش نىشانىغا ئاڭلىق مۇلازىمەت قىلدۇق.**

قەلب ۋە كۈچنى مۇجەسسەملەپ، جەمئىيەتنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقىنى قوغدىدۇق. ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداشنى باشتىن ـ ئاخىر ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان سىياسىي ۋەزىپە، ھەممىدىن مۇھىم سىياسىي مەسئۇلىيەت قىلىپ، ئاگاھ سىگنالىنى ئۇزاققىچە ياڭرىتىش، دائىم ھوشيار بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىسىنى قەتئىي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداشقا دائىر تۈرلۈك خىزمەتلەرنى قەتئىي ياخشى ئىشلىدۇق. مەخسۇس تېمىلىق مۇھاكىمە خاراكتېرلىك دائىمىي كومىتېت يىغىنى ئېچىپ، «باش نىشاننى مەھكەم ئىگىلەپ، شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىنىڭ داۋاملىق ياخشىلىنىشىغا تۈرتكە بولۇش توغرىسىدا قارار»نى چىقىرىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا جەمئىيەتتىكى ھەر ساھەدىكىلەرنى «ئۈچ خىل كۈچ»كە ۋە «ئىككى يۈزلىمىچى»لەرگە قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىشقا يېتەكلىدۇق. «دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، جەمئىيەتنىڭ ئېجىل ـ ئىناقلىقىغا تۈرتكە بولۇش»نى مۇھاكىمە تېمىسى قىلىپ، دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقنى ئومۇملاشتۇرۇشنى ئومۇمىيۈزلۈك ئالغا سىلجىتىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش قاتارلىقلار توغرىسىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدۇق ۋە مۇھاكىمە ئېلىپ باردۇق، ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپ، لايىھەمىزنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى تولۇق قوبۇل قىلدى. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەجبۇرىيەت مائارىپى باسقۇچىدا «بەشنى قەلبتىن ئېتىراپ قىلىش» تەربىيەسىنى كۈچەيتىشنى چۆرىدەپ چارە ـ تەدبىر كۆرسىتىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسىنى ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتىگە سىڭدۈردۇق. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ قانۇنچىللىق قۇرۇلۇشىغا ئىزچىل ئەھمىيەت بېرىپ، ئۈچ ئۇل ئەسلىھەلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش نىزامى قاتارلىق نىزام ـ تۈزۈملەرنى چىقىرىش توغرىسىدا تەكلىپ بېرىپ، شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ئەمەلىيىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولدۇق.

چارە ـ تەدبىر كۆرسىتىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولدۇق. يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات تەلىپى بويىچە، سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى، كارخانا ۋەكىللىرىنى «بىر بەلباغ، بىر يول» ئىجادىي ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، تىجارەت ـ سودا مۇھىتىنى ياخشىلاش، پۇقراۋى ئىگىلىك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش قاتارلىقلارنى چۆرىدەپ بىرلىشىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا تەشكىللەپ، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش، جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى «يىغىپ قاچىلاش، يىغىپ توشۇش» كەسپىنى قانات يايدۇرۇش، شىنجاڭنىڭ پورت ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش قاتارلىقلار ھەققىدە چارە ـ تەدبىر كۆرسەتتۇق. يېزا ئىگىلىكىدىكى تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھات، ئۆزگىچە ئەۋزەل كەسىپلەرنى زورايتىش، يېزا ئىگىلىكىدە ئۈنۈملۈك سۇ تېجەپ سۇغىرىش قاتارلىقلار ھەققىدە چارە ـ تەدبىر كۆرسىتىپ، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا تۈرتكە بولدۇق. ئۈرۈمچى نان مەدەنىيىتى كەسىپ باغچىسىنىڭ تەرەققىياتىنى كۆزدە تۇتۇپ، ھەر مىللەت، ھەر ساھە سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىنى مەخسۇس تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا تەشكىللىدۇق، بۇ ھەقتىكى تەكلىپ ـ پىكىرلىرىمىزنى ئۈرۈمچى شەھىرى پائال قوبۇل قىلدى. ئات كەسپىنىڭ تەرەققىياتىغا سىجىل تۈرتكە بولدۇق، ئەزالارنى چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىشقا تەشكىللىدۇق، ئات بەيگىسى ۋە مۇسابىقە پائالىيەتلىرىنى كۆپرەك ئۆتكۈزۈش، ئات كەسپىنى سىرتقا ئېچىۋېتىشنى تېزلىتىش قاتارلىق چارە ـ تەدبىرلىرىمىز «شىنجاڭنىڭ زامانىۋى ئات كەسپى تەرەققىياتى يىرىك پىلانى»دا تولۇق قوبۇل قىلىندى. رايون ئىقتىسادىنىڭ ماس تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولدۇق، غەربىي رايون قۇرۇلۇقلۇق، دېڭىز يېڭى ئۆتەڭگى قۇرۇلۇشى ھەققىدە سىچۈەن قاتارلىق 12 ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش بىلەن ھەمتۈرتكە مېخانىزمى ئورناتتۇق. «بىر بەلباغ، بىر يول» قۇرۇلۇشىدا دۆلەتنىڭ سىياسەت مەدەتنى ئورتاق قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، غەربىي شىمالدىكى نىڭشيا قاتارلىق 5 ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش بىلەن ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلدۇق.

پارتىيەنىڭ مىللەتلەر، دىن سىياسىتىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇردۇق. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مىللەتلەر، دىن خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ ئۆزلەشتۈردۇق، «شىنجاڭغا دائىر بىرقانچە تارىخىي مەسىلە» قاتارلىق ئاق تاشلىق كىتابلارنى چوڭقۇر ئۆگەندۇق ۋە تەشۋىق قىلدۇق، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى تەشۋىق ـ تەربىيەسىنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ھەر مىللەت، ھەر ساھە كادىر ـ ئاممىسىنى ئالاقىلىشىش، ئالماشتۇرۇش، يۇغۇرۇلۇش داۋامىدا «ئۈچ ئايرىلالماسلىق» ئىدىيەسىنى پۇختا تۇرغۇزۇشقا، «بەشنى قەلبتىن ئېتىراپ قىلىش»نى كۈچەيتىشكە يېتەكلىدۇق. «شىنجاڭدىكى دۇنياۋى مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش»نى قارالما قىلىپ ئايلىق كېڭىشىشنى قانات يايدۇرۇپ، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى گۇۋاھچى قىلىپ، تارىخنى سۆزلەتكۈزۈپ، كەسپنى خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇپ، مەدەنىيەتنى قەلبتىن ئېتىراپ قىلىش ئارقىلىق جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى مۇستەھكەملىدۇق، مەدەنىيەت مىراسلىرى ئارقىلىق، شىنجاڭنىڭ دۆلىتىمىز زېمىنىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى، شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ قان ـ قېرىنداش ئائىلە ئەزاسى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدۇق. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش ئەھۋالىنى چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدۇق، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتىنى تەشۋىق قىلىش ۋاستىلىرىدە يېڭىلىق يارىتىش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش قاتارلىق تەكلىپ ـ پىكىرلىرىمىزنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى پائال قوبۇل قىلدى. دۆلىتىمىزدىكى دىنلارنى جۇڭگوچىلاشتۇرۇش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، دىن ساھەسىدىكى ئەزالارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، پارتىيەنىڭ دىن خىزمىتى ئاساسىي فاڭجېنىنى باشلامچىلىق بىلەن ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دىن ساھەسىدىكى نۇقتىلىق مەسىلىلەرنى چۆرىدەپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، كۆزدىن كەچۈرۈپ، دىنىي سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلىشىشقا پائال يېتەكلىدۇق.

**(3) خەلق ئۈچۈن فۇنكسىيەنى ئادا قىلىش ئىدىيەسىنى ئەمەلدە كۆرسىتىپ، خەلق سىياسىي كېڭىشى خەلقنى كۆزلەش ئەسلى مەقسىتى ۋە بۇرچىنى نامايان قىلدۇق.**

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قازىنىشنى زىچ چۆرىدەپ ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلدۇق. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، پۇقراۋى كارخانىلارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئېغىر نامرات ناھىيە ـ شەھەرلەرنى نامراتلىقتىن دەل جايىدا قۇتۇلدۇرۇشقا كۈچەش»نى چۆرىدەپ، مەخسۇس كېڭىشىش خاراكتېرلىك دائىمىي كومىتېت يىغىنىنى ئېچىپ، مەركەزلىك ھالدا ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى كېڭىشىپ ۋە مۇھاكىمە قىلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭ يېزىلىرىدىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى تېزلىتىش، پۇقراۋى ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، زورايتىشتا ئىجابىي رولىمىزنى جارى قىلدۇردۇق. «چېگرا قوغدىغۇچىلىرى مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ ۋە مۇستەھكەملەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قازىنىش»نى قارالما قىلىپ ئايلىق كېڭىشىش ـ سۆھبەتلىشىش يىغىنى ئېچىپ، چېگرانى قوغداش، چېگرانى مۇستەھكەملەش سىياسىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، چېگرا قوغدىغۇچىلىرىنىڭ ئىقتىدارى ۋە ساپاسىنى ئۆستۈرۈش قاتارلىق چارە ـ تەدبىرلەرنى كۆرسەتتۇق. رەھبىرىي كادىرلار نامرات ناھىيە، نامرات كەنت بىلەن ئالاقىلىشىش ۋە نامرات ئائىمىدىن ئەھۋال ئىگىلەش تۈزۈمىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈردۇق، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى سىياسىي كېڭەش سىستېمىسى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 22 ئېغىر نامرات ناھىيە ۋە پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى 446 نامرات كەنت، 8900دىن ئارتۇق ئائىلىلىك نامرات ئائىلە بىلەن ئالاقە ئورناتتى. ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش ئورگىنىنىڭ مارالبېشى، پەيزاۋات ناھىيەسىدە تۇرۇشلۇق 15 نۇقتىسىنىڭ نامراتلىقتىن دەل جايىدا قۇتۇلدۇرۇش خىزمىتىنى پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن ئالغا سىلجىتتۇق، 5 نامرات كەنت نامراتلىقتىن چېكىنىپ چىققان ئاساستا، 2019 ـ يىلى يەنە 8 نامرات كەنت نامراتلىقتىن چېكىندى. مەركەزنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە مەخسۇس كۆزىتىشتىن كېيىنكى تۈزىتىشكە دائىر تۈرلۈك ئورۇنلاشتۇرمىلىرى ۋە تەلەپلىرىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە كۈچلىرىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ ئاساسىي جەڭ مەيدانىغا ئاتلىنىشقا مۇجەسسەملىدۇق، ھەر ساھە سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىنى تەشكىللەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە پەن ـ تېخنىكا ھەرىكىتى، نامراتلارنى ساغلاملىق ئارقىلىق يۆلەش بويىچە تۇبېركۇليوزنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش مەخسۇس ھەرىكىتىنى پائال ئېلىپ باردۇق، «مىڭلىغان كارخانا مىڭلىغان كەنتكە ياردەم بېرىش» بويىچە نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەش، «پۇقراۋى كارخانىلار جەنۇبىي شىنجاڭ سەپىرى» قاتارلىق پائالىيەتلەرنى چوڭقۇر قانات يايدۇردۇق، كارخانىلار كەسپلەر بويىچە 1 مىليارد 954 مىليون يۈەن ياردەم مەبلىغى بېرىپ، 275 مىڭ 200 نامرات ئاممىنى مەنپەئەتلەندۈردى.

خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ۋە ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئاسراشقا داۋاملىق كۈچىدۇق. خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىنى پۇختا تۇرغۇزۇپ، «جەنۇبىي شىنجاڭ يېزىلىرىدا ‹ھاجەتخانا ئىنقىلابى›نى تېز ئالغا سىلجىتىش»نى قارالما قىلىپ ئايلىق كېڭىشىش ـ سۆھبەتلىشىش يىغىنى ئېچىپ، يېزىلاردا ھاجەتخانىلارنى ئۆزگەرتىش خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاشنى كۈچەيتىش، ئىشلىتىش، باشقۇرۇش، ئاسراش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، يېزىلاردا تازىلىق ـ ساغلاملىق تەشۋىق ـ تەربىيەسىنى كۈچەيتىش، تېخنىكا ئۆلچىمى سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش قاتارلىق تەكلىپلەرنى شەكىللەندۈردۇق، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىرى بۇلارغا ئايرىم ـ ئايرىم تەستىق سالدى. ئاپتونوم رايوننىڭ خەلققە نەپ يەتكۈزۈش سىياسەتلىرى ۋە تەدبىرلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈردۇق ۋە نازارەت قىلدۇق، مائارىپ بايلىقىنى بىرىكتۈرۈش، ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش،

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)